يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئىدىيەۋى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتۇش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

□ **پۈتۈن تارانتۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ**

بۇ، بىر قېتىملىق ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىكى قايتا تاۋلىنىش، نەزەرىيە سەۋىيەسىنى قايتا ئۆستۈرۈش، غايە - ئېتىقادنى قايتا يەنىمۇ كۈچەيتىش.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى سىن يىغىنى شەكلى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، نازارەت دەرىجىلىك كادىرلارنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە قاتناشتى.

مەخسۇس تېمىدىكى كونسۇلتاتسىيەنى ئاڭلاش، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىش قىلىش، چوڭقۇر سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، تەسىراتنى يېزىش... مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىلغان ئون كۈندە، پارتىيەلىك كادىرلار ئومۇمىي يىغىن ۋە سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چىڭ كۆزلەپ، چوڭقۇر، سىستېمىلىق ئۆگەندى، مۇھاكىمە قىلدى. نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ئارقىلىق، كۆپچىلىكنىڭ يىغىن روھىغا بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ سىستېمىلىق، چوڭقۇر بولدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چۈشىنىشى، ئىگىلىشى تېخىمۇ تولۇق، دەل جايىدا بولدى، سىياسىي يۈكسەكلىكى يەنىمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسى چىڭىتىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە دادىل باشلامچى بولۇش شىجائىتى بىلەن، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

## يۇقىرى تۆۋەنگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئىدىيەۋى ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملىدى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەخسۇس كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى باشلامچىلىق بىلەن تۆتتى، باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەندى، باشلامچىلىق بىلەن لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئالتە رەھبىرى يۇقىرى تۆۋەنگە باشلامچىلىق قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بېرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن كونسۇلتاتسىيە قىلىپ، تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، قەلبلەرگە سىڭىشى، ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولدى.

سىستېمىغا ئايرىپ مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلىش، بۆلەكلەرگە ئايرىپ چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش، ساھەلەرگە ئايرىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ دەرس ئۆتۈش... بۇ قېتىمقى مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى زىچ چۆرىدىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىرلىرى چىڭ كۆزلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە دەرسلىكلەر لايىھەلىنىپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، يۇقۇملۇق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش قاتارلىق ئالتە چوڭ بۆلەك نۇقتىلىق چۆرىدىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىش، ئەسلىي قانۇنىيىتىنى ئۈزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىنىپ، تەپسىلىي ئوقۇلۇپ، تىرىشىپ ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەندى.

سىن يىغىنى شەكلى ئارقىلىق، نەزەرىيە يۈكسەكلىكى، ئىدىيە چوڭقۇرلۇقىغا ئىگە ھەم ئەمەلىيەتكە زىچ باغلانغان دەرسلەر تيانشان تېغىنىڭ جەنۇبى - شىمالىغا يەتكۈزۈلدى. «ئون كۈنلۈك يۇقىرى قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش خۇددى ‹دەل ۋاقتىدا ياغقان يامغۇر›غا ئوخشاش، بىزنى چوڭقۇر ئىلھاملاندۇردى.» «دەرس ناھايىتى ئەتراپلىق بولۇپ، تەپەككۇرىمىزنى ئاچتى، يىغىن روھىغا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى»...

ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىشقا، غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەيدىغان كۈچلۈك ئىدىيەۋى قورال، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتىمىز.

## شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىلىپ، تەربىيەلەشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى

بۇ قېتىمقى مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشتە، مۇقىم ئوقۇش تۈزۈمى ۋە ئوقۇش ۋاقتىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن ۋاقىتقا بۆلۈپ مەركەزلەشتۈرۈش، مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە قىلىش بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىلەن شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ، ئۆگىنىش ۋاقتى جانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاساسلىقى كەچ ۋە ھەپتە ئاخىرىدىن پايدىلىنىپ تەربىيەلەش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆگىنىش، تەربىيەلەشتە خادىملار، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ بىر يىغىن زالىدا، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە قىسمەن كادىرلار ۋەكىللىرى بىرلىكتە نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ ئاخبارات خەۋىرىنى ئەينەن ئۆگەندى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئىدىيەۋى - سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاچقۇچلۇق دەرس» ناملىق مۇھىم ماقالىسىنى ئۆگەندى ھەم «مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئىدېئولوگىيە بازىسىنى مۇستەھكەملەش» مەخسۇس تېمىسىنى چۆرىدەپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، مۇزاكىرە قىلىشنى قانات يايدۇردى.

رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش، سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلەپ يېتەكلەپ ئۆگىنىش، شەخسلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش، ياچېيكىدىكى بارلىق خادىملار پۇختا ئۆگىنىش. بۇ قېتىمقى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشتە ھەربىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 30 سائەتكە يېقىن ئۆگىنىش ۋاقتىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، رايونلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى بۇ قېتىمقى مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپا) نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىش يىغىنىنى ئاچتى، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ جەمئىي 450 نەچچە مەيدان مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىش يىغىنى ئېچىلدى، 4000 پارچىغا يېقىن تەسرات ماقالىسى يېزىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىلىرىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى ئۆگىنىش يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش، نەق مەيداندا ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش ئىستىلى، ئۆگىنىش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، سىجىل ئىز قوغلاپ ئۈنۈمىنى سۈرۈشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلار باشقا ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنى مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش ۋە پارتىيەلىك كادىرلارنى سىستېمىلىق تەربىيەلەشنى بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىن دولقۇنىنى يەنىمۇ قوزغاشقا تۈرتكە بولدى.

شىخو شەھىرىدە، 26 رەھبىرىي كادىر سىن يىغىنى ئارقىلىق مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە قاتناشتى ھەمدە ئۆزى مەسئۇل ساھەگە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش تەسىراتىنى كەڭ - كۇشادە سۆزلەپ، خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت تەپەككۇرىنى پىلانلىدى. «چوڭقۇر، سىستېمىلىق ئۆگىنىش تەپەككۇرىمىزنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىزنى چىڭىتتى.» شىخو شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى گې لى مۇنداق دېدى: «بىز داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىمىزنى ئىشلىتىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتىمىز».

كەڭ كادىرلار ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق ئىنكاس قىلدى: بۇ قېتىمقى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۆپچىلىكنىڭ خىزمەت تەپەككۇرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كېيىنكى قەدەمدە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك يېتەكچىلىك بىلەن تەمىنلىدى، ئۆگەنگەنسېرى ئىشەنچكە تولدۇق، ئۆگەنگەنسېرى غەيرىتىمىز ئاشتى.

## مەسئۇلىيەت دادىل زىممىگە ئېلىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچى مۇجەسسەملەندى

ئۇلۇغۋار پىلان كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالدى، بۇرچ كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى. مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشكە قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك كادىرلار مۇنداق بىلدۈردى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پۇرسەت ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن - نىزامغا توغرىلىنىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ھالىتى بىلەن پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، پائال نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىي خىزمەت نەتىجە - ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرىمىز.

«كېيىنكى قەدەمدە بىز كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق 5 - ئومۇمىي يىغىن ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى كەڭ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، كەڭ ئىتتىپاق ئەزالىرى، ياشلارنى يىغىننىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ياشلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى جاۋ جۈەن.

پۇختا ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر سالامەت مەتىمىن يېڭى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات نازارەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاش كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بويىچە تۈزىتىش ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ سىجىل، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىمىز».

نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئۆگىنىش ئارقىلىق، شىنجاڭ سانائەت قۇرۇلۇش شۆبىيەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى ئوسمانجان ئەلى قوللىنىشچان تولۇق كۇرس قۇرۇلۇشىغا قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا ئىگە بولدى: «بىز يەرلىكتىكى تولۇق كۇرس مەكتەپلىرىنىڭ ئورنىنى توغرا تېپىپ، كەسىپ يۆتكەش، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى تېخنىكىنى قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەپ، پائال تۈردە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىمىز».

«بىز شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاماما خىزمەتنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، ھەقىقىي تۈردە گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايمىز.» قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى نىڭپىڭ قەتئىي ھالدا مۇنداق دېدى: «شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋىلايەتنىڭ ‹14 - بەش يىل›لىق يىرىك پىلان پروگراممىسنى ئىلمىي تۈزۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا پائال سىڭىشىپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، خاس كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرىشىپ تۈرتكە بولىمىز».

«تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلۈپ بولدى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلدى، ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە.» بۇرچىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن كېپىڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىمىزگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئوقۇيدىغانلار ياخشى ئوقۇيالايدىغان، كېسەللەر ياخشى داۋالىنالايدىغان، ئاجىزلارنى كۆپچىلىك يۆلەيدىغان بەختلىك بۇرچىننى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىمىز».

بىلىمنىڭ چېكى يوق، ھەرىكەتنىڭ چېكى يوق. نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەشنى تاماملىغان پارتىيەلىك كادىرلار مول ھاسىلات ۋە ئىشەنچ بىلەن ئۆز خىزمەت ئورنىدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق - ئىناق، ئاۋات - باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقماقتا.

(بېشى 1 - بەتتە)

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تۇرپان شەھىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان پوزىتسىيە بىلەن، قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي ھالدا يۇقۇمنى قىسمەن دائىرىدە تىزگىنلەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دەل جايىدا ئىز قوغلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئايرىپ تېببىي كۆزىتىش تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تارقىلىش يوللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ بايلىق، كۈچلەرنى ئىلمىي تەشكىللەپ ۋە تەڭشەپ، ئالاقىدار خادىملارنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى تېز قانات يايدۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ مۇھىتنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىنى ئاخىرقى ئۇچ ئۆلچىمىدە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈپ، ئايرىش سورۇنلىرىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؛ يۇقۇم ئۇچۇرلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئاشكارا، ئوچۇق ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؛ رايونغا ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىسمەن دائىرىدىكى يۇقۇم رايونلىرىغا قاراتمىلىقى بار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملەش، چىڭىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ كەسكىنلىكى، مۇرەككەپلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، تەلەي سىناش پسىخكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، سىياسىي ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ قاراتمىلىقى، ئىلمىيلىكى، دەل جايىدا بولۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئۆتكەل، ئاچقۇچلۇق ئورۇن ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ ئادەم، ماددىي ئەشيالارغا قارىتا تەڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تەڭ تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پورتلاردا پۈتۈن جەريانلىق يېپىق ھالقىلىق باشقۇرۇش، ئىمپورت قىلىنغان ماللارغا قارىتا نوكلېئىك كىسلاتاسى بويىچە تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك ئومۇمىيۈزلۈك دېزىنفېكسىيەلەش ۋە قاتناش، ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى تەسىس قىلىش، باشقۇرۇش ۋە ئالدىن تەكشۈرۈپ ئايرىپ دىياگنوز قويۇشنى چىڭىتىپ، «قاراۋۇللۇق» فۇنكسىيەسىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئاممىۋى مۇھىتنى ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈش - ئۆلچەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دائىملاشقان دېزىنفېكسىيەلەش، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ تەربىيەلەش ۋە ئەمەلىي جەڭ مانېۋىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدار - سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئاممىنى مۇداپىئەلىنىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك؛ ۋە تەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشكە يېتەكلەش كېرەك. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىگىتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىگىتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاماما ئالدىنى ئېلىش، ئاماما تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، جايىدا تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.